# ئەھلى سۈننە بىلەن شىئە مەزھىپىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ

لا يمكن التقريب بين السنة والشيعة

< ئۇيغۇرچە >

پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز

فضيلة الشيخ عبد العزيز بن عبد الله بن باز

**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئوسمانجان مۇھەممەد
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** عثمان جان محمد
**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

# ئەھلى سۈننە بىلەن شىئە مەزھىپىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ

118101-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

شىئەلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىغا كۆرە، سىلەرنىڭ ئەھلى سۈننە بىلەن شىئە مەزھىپىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پرىنسىپىغا بولغان كۆز قارىشىڭلار قانداق؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاب:

ئەقىدىدە ئوخشاشماسلىق سەۋەبلىك، ئەھلى سۈننە بىلەن شىئەلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ. ئەھلى سۈننە جامائىتىنىڭ ئەقىدىسى بولسا: ئاللاھنىڭ ۋەھدانىيىتىنى بارلىق ئەمەللەردە نامايەندە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن يەككە-يېگانە ئاللاھقا قىلىش ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىدە ھېچ ئوخشىشى يوق دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار دۇئادا: كىم بولۇشتىن قەتئىي نەزەر (مەيلى ئۇ ئاللاھقا يېقىن پەرىشتە ياكى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر بولسۇن)، ھېچقاچان ئاللاھنىڭ غەيرىدىن ھاجەتلىرىنى سورىمايدۇ ۋە ئاللاھ تائالا بارلىق غەيبى ئىشلارنى بىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

ساھابە كىراملارنى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) سۆيۈش، ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى قوغداش، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن رازىلىق تىلەش، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەردىن قالسىلا ئەڭ ئەۋزەل كىشىلەر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئەۋزەلراقى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش بولسا ئەھلى سۈننە جامائىتى ئەقىدىسىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

شىئەلەرنىڭ ئەقىدىسى بولسا: يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بۇ ئىككى ئەقىدىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، خۇددى يەھۇدى بىلەن خرىستىئانلارنى، بۇتپەرەسلەر بىلەن ئەھلى سۈننە جامائىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىغىنىدەك بىر ئىشتۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىمىزدەك، ئەقىدىدىكى ئوخشاشماسلىق سەۋەبلىك، شىئەلەر بىلەن ئەھلى سۈننە جامائىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ". [پەزىلەتلىك شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالار مەجمۇئەسى 27-توم 325-بەت].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com